# 327649 ـ ئادەت بىلەن ئىبادەتنىڭ ئارىسىدىكى پەرق

## سۇئال

كۆڭگەن ئادىتىدە يۈز بەرگەن قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟، يەنى مەن قۇرئاندىن مەلۇم بىر سۈرىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، ئۆزۈمدە بىر خىل خۇشۇ تۇيغۇسىنى ھېس قىلىمەن، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ تۇيغۇلىرىم ئاجىزلاپ كېتىدۇ، قەلبىم ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە ئويلىنىشقا كۆنۈپ قالغاندەك بولۇپ، شۇنىڭغا كۆپايە قىلاتتى، شۇنىڭدەك بەزى دۇئالارنى ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق بولاتتى، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئادەت دېگەن: بىتەرەپلىك چۈشەنچە بولۇپ، ئەگەر ئىنسان ياخشىلىقتا ئادەتلەنگەن بولسا ۋە ئۇنى قىيىنچىلىقسىز قىلىشتا چىڭ تۇرغان بولسا، بۇ ياخشىلىقتىندۇر. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق بايان قىلىنغان: «ياخشىلىق ئادەتتۇر، يامانلىق تەرەددۇت قىلىشتۇر.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى 221-ھەدىس. ئىبنى ھىببان ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا 310-ھەدىستە كەلتۈرگەن].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بىر دانە بورىسى بولۇپ، ئۇنى كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تاشلاپ قويىدى، كېچىدە كىشىلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ناماز ئوقۇپ بۇنى كۈندۈزدە باشقىلارغا يەتكۈزدى، كېيىنكى كېچىدە كىشىلەر كۆپ بولۇپ كەتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! ئەمەللەردىن كۈچۈڭلار يېتىدىغاننى قىلىڭلار، سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇچە ئاللاھ تائالا زېرىكىپ قالمايدۇ، ئەمەللەردىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلگۈنى ئاز بولسىمۇ داۋاملاشقىنىدۇر. «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇنى پۇختا قىلاتتى». [بۇخارى رىۋايىتى 5861-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 782-ھەدىس].

ئەبۇ تەييىب رەھىمەھۇللاھ ئىيتقاندەك: ھەر بىر كىشىنىڭ ھاياتىدا ئادەتلەنگەن ئادىتى بولىدۇ.

ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەپلەرنىڭ بىرى: دائىم ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش، بۇنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش، ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك، سەل قارىماسلىق، ھورۇنلۇق قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان ئەمەل-ئىبادەتلىرى دائىم داۋاملىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ بىر ئەمەلنى قىلسا دائىم داۋاملاشتۇراتتى.

ئىككىنچى: ئادەت دېگەن: ئىنسان ئۇنى قىلىش بىلەن ئىبادەت تۇيغۇسىدا بولمايدىغان، دەم ئالماستىن يۇقىرى سۈرئەتتە ئادا قىلىدىغان ئىش، بۇ خەتەرلىك بولۇپ ئىنسان بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

ئىبادەتكە بېرىلىدىغان ئەجىرـساۋاپ، ئۇنى ئادا قىلغاندىكى ھۇزۇر دىلغا ئاساسەن بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ * الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ المؤمنون تەرجىمىسى: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى،(شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن)ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر.» [مۆمىنۇن سۈرىسى 1-2-ئايەت].

مۇھىم بولغىنى ئىنسان ئىبادەت قىلغاندا دىلىنى باشقا ئىشلارغا مەشغۇل قىلماستىن ئىبادەتنى ھوزۇر دىل بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن بىر كىشى: مەن نەسىھەت توغرىسىدا يېزىلغان بىر كىتابنى ئوقۇسام، ئۇ كىتابتا مۇنداق سۆز بار ئىكەن: ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن بولغان ئىشلارنى ئادەت قىلىۋالماڭلار، مۇسۇلمان قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ ئىبادىتىنى ئۆزى ئادەتلەنگەن ئادەت قىلماستىن، بەلكى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ئىبادەت قىلىدۇ؟ دەپ سورىغاندا:

شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنىڭ مەنىسى: ناماز ئوقۇغاندا نامازنى كۆندۈلۈك ئادىتىم دەپ ئادا قىلماستىن (يەنى ئادەت ئەمەس) بەلكى نامازنى مېنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت دەپ ئېتىقاد قىلىش كېرەك، مەسىلەن: زۇھا ياكى چاشكا نامىزى ئوقۇغاندا بۇنى كۆنلۈك ئادىتىم دەپ ئېتىقاد قىلماستىن بەلكى بۇ مېنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەت دەپ ئادا قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك كېچىلىك ناماز ئوقۇغاندىمۇ، ئۇنى بۇ پەقەت ئاتاـئانامدىن قالغان ئادەت، ئۇلارمۇ شۇنداق قىلاتتى، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم دېمەستىن، بەلكى بۇ مېنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان تائەتـئىبادەت دەپ ئادا قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى: ئىبادەتتە ھوزۇر دىل بولۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئىشلار:

1-ئىبادەتنىڭ تۈرلۈك بولۇشى: ئىنسان ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ئېيتىش، سەدىقە بېرىش، ئاتاـئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇغـتۇغقانلارنى يوقلاش، كېسەللەرنى زىيارەت قىلىش ۋە جىنازا نامىزىغا ھازىر بولۇش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى ئادەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك، ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە بولغان پەزلىـرەھمىتىدىن ئىبادەتنىڭ تۈرى كۆپتۇر.

2-ئىنسان ئەمەلـئىبادەت قىلىۋاتقان ھالەتتە نىيەتنى ھازىر قىلىشتا سەۋرچان بولۇش.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ "ئۇددەتۇس سابىرىين" ناملىق ئەسىرىدە(65-66-بەت)مۇنداق دەيدۇ: ئىشـھەرىكەت قىلىۋاتقان ھالىتىدىكى سەۋرچانلىق: ئىنسان سەۋرچانلىقنى قىلىۋاتقان ئىشىدىكى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراشنىڭ ئاپەتلىرىدىن دەپ سەۋرنى لازىم تۇتىدۇ، ئىبادەت قىلىنغۇچىنىڭ ئالدىدا ھوزۇر دىل بولۇش، قىلغان ئىشىغا نىيەتنى ھەمراھ قىلىشتا سەۋرنى

لازىم تۇتىدۇ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنۇتمايدۇ، ئىش بۇيرۇلغان ئىشنى ئورۇنداشتا ئەمەس بەلكى ھەممە ئىشتا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتا بۇيرۇغۇچىنى ئۇنۇتماسلىق ۋە بارلىق ئىشلىرىدا بۇيرۇغۇچىنى ئەسلەپ تۇرىدىغان بولىشى كېرەك. مانا بۇ چىن دىلىدىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىبادىتىدۇر، بۇنداق شەكىلدىكى ئىبادەت ئىبادەتنىڭ پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەپ قاتارلىق ھەممە ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىبادەت قىلىنغۇچىنى ياد ئېتىشنى بىرگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور سەۋرچانلىققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىبادىتىنى باشقا بىرى مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ، دىلى بىلەن ئاللاھقا ھازىر بولىشىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ بەندىچىلىكنى ئادا قىلىشتىن چەكلەپ قويمايدۇ، ئومۇمەن ئۇ كىشىنىڭ ھوزۇر دىل بىلەن تولۇق شەكىلدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بولىشىنى ھېچ نەرسە بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ.

3–كۆپ دۇئا قىلىشقا تىرىشىش.

دۇئا بولسا ئاللاھ بىلەن بىرگە بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ بەندىگە بولغان ياردىمىنى ھازىر قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەبنىڭ بىرىدۇر.

4– قىلىۋاتقان ئىشىنى تەرك قىلماسلىق: قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ قويۇش بولسا شەيتاننىڭ ۋاستىلىرى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنى قىلىۋاتقان ئىشىدىن سۇسلاشتۇرىدۇ، دىل ھۇزۇرىنى يوق قىلىدۇ، مۆمىن كىشى بۇنىڭغا بەك دىققەت قىلىشى ۋە قىلىۋاتقان ياخشى ئەمەلنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم.

5–ئىنسان ھەر ۋاقىت ئىبادەتكە تەييار بولۇش ۋە ھازىرلىنىش بىلەن بىرگە، دىلىنى مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولىشى كېرەك.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان قورسىقى ئاچ بولۇپ يېمەك ھازىر بولغاندا ۋە چوڭ-كىچىك تەرىتى بەك قىستاپ كەتكەندە نامازغا تۇرمىسۇن.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 89–ھەدىس].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.